# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھىرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسى لايىھەسىنى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇش جەريانىدا، دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە يىرىك پىلان پروگراممىسىنى ياخشى تۈزۈپ، يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئاساسى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماكرولۇق سىياسەتنى ئىلمىي، دەل جايىدا يولغا قويۇپ، تىرىشىپ ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشىنى ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئىستراتېگىيە تىرەكلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاشقا، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى، مۇقىملىقى، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى ساقلاش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش كېرەك. پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتى جانلىق، دەل جايىدا، مۇۋاپىق، لايىقىدا بولۇش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچىنى مۇجەسسەملەپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. نۇقتىلىق ساھەلەر ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جەزمەن پارتىيەنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئالىي مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ سىياسىتى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتى ۋە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتى قوشۇنىنى تولۇق سەپلەپ، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى دەرسلىككە، دەرسخانىغا، كاللىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى چوڭقۇر يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى ھەقىقىي تۈردە سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، قوللايدىغان، تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، شەكىللەندۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى بۇرچ، ۋەزىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دىققەت نەزەرىيەدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، كادىرلار، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇلۇپ، سوئال ـ جاۋاب شەكلى ئارقىلىق شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي روھى، ئاساسىي مەزمۇنى، ئاساسىي تەلىپى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شەرھلىنىپ بايان قىلىنغان بولۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىنىڭ پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشىگە، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشىغا پايدىلىق. «سوئال ـ جاۋابلار» جەمئىي يەتتە بۆلەك، 100 مەسىلىگە بۆلۈنگەن، مەزمۇنى مول، شەكلى يېڭىچە، سۈرەت بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم قوشۇمچە ئوقۇشلۇق.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۈتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى ياراتتى. پارتىيەمىز دۇنيادىكى ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئەڭ چوڭ سىياسىي پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرگە پارتىيەنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى، كەلگۈسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، كادىرلار، ئاممىنى پارتىيەنىڭ تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى خۇلاسىلەش، ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇشقا يېتەكلەشكە ئەڭ سالاھىيىتى بار، شۇنداقلا ئەڭ ئىشەنچى بار.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تارىخنى ئۆگىنىش كەلگۈسىگە تېخىمۇ ياخشى يۈزلىنىش ئۈچۈندۇر. ھازىر، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا، دۇنيا 100 يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. بۇ مۇھىم، زور تارىخىي پەيتتە، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇش تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، تارىخىي قانۇنىيەتنى تونۇش، تارىخىي تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلەشكە نىسبەتەن، قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشقا نىسبەتەن، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تېخىمۇ قۇدرەتلىك ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە قۇرۇش، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشكە نىسبەتەن، مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ـ ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى زىچ چۆرىدەپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۈرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسىنى چوڭقۇر ئەستە چىڭ ساقلاشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى چوڭقۇر تونۇشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي خەلقنى كۆزلەشتەك ئەسلىي مەقسىتى، ئاساسىي مەقسىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا شەكىللەندۈرگەن مۇھىم، زور نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلەشكە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش قىلىش جەريانىدا تاۋلانغان ئۇلۇغ روھىنى ئۆگىنىش، ۋارىسلىق قىلىشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغا سىلجىتىشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۈندىلىك ئىشلارغا سىڭدۈرۈشكە، دائىم تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا يۈزلىنىپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئۆگىنىش تەربىيەسى ئەمەلىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ماركسىزملىق ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، قويۇق ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەسىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، تىرىشىپ خوتەنگە «ئاممىغا يېقىن» كەسىپ تۈرلىرىنى كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ يەرلىك ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

«مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ شەرىپىگە ئېرىشتۇق، سالمىقى ئېغىر بۇ شەرەپ بىزگە بۇرچىمىزنىڭ شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ ئېغىر، زورلۇقىنى ھەسسىلەپ ھېس قىلدۇردى، بىز شەرەپنى قەدىرلەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق تىرىشىمىز!» ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر جاڭ شىن مۇنداق بىلدۈردى: ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى داۋاملىق زىممىسىگە ئېلىپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشىدۇ.

ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۇن گويۈەن مۇنداق دېدى: بىز قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ قايتا ئاتلىنىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش، رايون ئىقتىسادى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زورايتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، يېڭىچە دېھقانلارنى يېتىلدۈرۈش، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن «گۈزەل يېزا ـ كەنت ئىقتىسادى»نىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز.

## تولۇق قوراللىنىپ جەڭگە ئاتلىنىش باتۇرلۇق بىلەن يېڭى تۆھپە قوشۇش

«باسقان ھەربىر قەدىمىمىز ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمىدى». لوپ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى يۈجۈن مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقۇچى، ئۇنى باشتىن كەچۈرگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم، قەلبىم ھاياجانغا تولدى، «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى ھەم خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش، شۇنداقلا يېڭى بۇرغىنى ياڭرىتىش بولدى. بىز ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى پۇختا تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش، ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى قۇرۇلۇشتا ئېنېرگىيە تېجەش ۋە پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ باشقارمىسىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى شۆھرەت شاۋكەت مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلاردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ 1 ـ سېپىدە ئۇدا بەش يىل جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. بۇ يىل 3 ـ ئايدا، مەن يەنە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە باردىم، بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە ۋە خەلققە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرىمەن».

جىمسار ناھىيەسى جىمسار بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ فۇجىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ جاكارسى كىشى قەلبىنى روھلاندۇردى. بىز داۋاملىق ‹تۆتنى توختاتماسلىق، سەككىزنى ئۆزگەرتمەسلىك› تەلىپى بويىچە، ‹ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، چىدامچان كالا› روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەپ، يېزا كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭىچە دېھقانلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرىمىز».

## يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى

«نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كەڭ ئاممىنىڭ چىرايىدىكى سەمىمىي كۈلكىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا بولغان ئەڭ چوڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش.» كۆكتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇ ناھىيەنىڭ كۈرتى يېزىسى دالائاۋىز كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى قايرات سېرىك مۇنداق دېدى: «بىز تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان كالا روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ، پەن ـ تېخنىكا پارنىكى تېرىقچىلىقىنى ياخشى قىلىپ، كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، مۇھىتى گۈزەل، ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇپ چىقىمىز».

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.» يەكەن ناھىيەسىنىڭ يەكچى يېزىسى ئاچچىق كەنتىنىڭ كەنت كادىرى پاتىگۈل روزى مۇنداق دېدى: بىزنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىمىز مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى، مەن چوقۇم تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى قانات يايدۇرۇپ، يۇرتداشلارنى بېيىشقا يېتەكلەيمەن.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. بىز داۋاملىق پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز.» جىڭ ناھىيەسىنىڭ ماندان يېزىسى خۇاڭگۇك شىمالىي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى روزاجى توختاخۇن كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ياردىمىدە باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ تۆت كالىسى، 30 قويى بار، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۆگەنگەن باقمىچىلىق بىلىملىرىم، ئىگىلىگەن باقمىچىلىق تەجرىبىلىرىم ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ بىرلىكتە بېيىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۆلىشى ۋە ياردىمىگە جاۋاب قايتۇرىمەن».

**(مۇخبىر پەرىزات ئابدۇل، قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ جىلى، شى شىن، گې يوۋجۈن، جاڭ تىڭ، خەن چېنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لى رۇڭ، جاڭ يۇڭ، رېن دۇڭشېڭ)**